# دىنىمىزدا ئەر ئايالىنى بەختلىك قىلىشقا بۇيرۇلغانمۇ؟

[ئۇيغۇرچە]

# هل يجب على الزوج إسعاد زوجته؟

[باللغة الأويغورية]

مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد
المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى**

**المراجعة: ن. تمكيني**

**رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى**

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

1430 – 2009

islamhouse.com

# دىنىمىزدا ئەر ئايالنى بەختلىك قىلىشقا بۇيرۇلغانمۇ؟

43166-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئەرنىڭ ئايالغا قىلىدىغان مۇھىم ئەمەللىرى قايسى؟. ئەرنىڭ ئايالنى دائىم بەختلىك قىلىشى كېرەكمۇ؟. ئېرىم ماڭا ئۆز تۇغقانلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، يەنى ئاتا-ئانا، ھەمشىرىلىرىگە ماڭا كۆڭۈل بۆلگەندىن كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇنىڭ ماڭا ۋە كىچىك بالىلىرىمىزغا، تۇغقانلىرىغا ھېسداشلىق قىلغاندىنمۇ بەكراق كۆڭۈل بۆلىشىنى مەقسەت قىلىمەن. ئېرىمنىڭ ماڭا بەكراق كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياخشى كۆرۈشىگە تۈرتكە بولىدىغان بىرەر سەۋەب بولسا ئېيتىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؟.

جاۋاب:

ئەر ئايالغا ياخشى مۇئامىلىدە بولىشى، كېرەكلىك بولغان يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە تۇرالغۇ جايلارنى ھازىرلاپ بېرىشى ۋاجىپتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار» سۈرە نىسا 19-ئايەت. يەنە بىر ئايەتتە: «ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلىرىنىڭ ھەقلىقى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللىرىنىڭمۇ ھەقلىقى بار، يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىشى، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەت ئۆتىشى كېرەك. ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن،

ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» سۈرە بەقەرە 228-ئايەت.

ئىمام ئەھمەد بىلەن ئەبۇ داۋۇد مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان سوئالىنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كىشى: يا رەسۇلۇللاھ! بىزلەرنىڭ ئۈستىمىزدىكى ئاياللارنىڭ ھەققى قايسى؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: يېمەك-ئىچمەك، كېيىم-كېچەك قىلىپ بېرىش، يۈزىگە ئۇرماسلىق، سەت سۆزلەر بىلەن تىللىماسلىقىڭ، سىنى رەنجىتىپ قويغاندىمۇ ئۆز ئۆيۈڭدىن باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتمەسلىكىڭدىن ئىبارەتتۇر».

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ھەدىسلىرىدە، ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىغان، ئەرنىڭ ئايالى ھەققىدە ئاللاھدىن قورقۇشى، تېگىشلىك ھەققىنى تولۇق بېرىشى كېرەك.

ئاتا-ئانىغا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن، ئايالغا ئېھتىرام قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈپ، خەيرى ئېھسان قىلىش بىر-بىرىگە زىت ئىش ئەمەس. قىز ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئەرنىڭ ئائىلە ئەزالىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيلىق مۇجەسسەملەشكەن تۆۋەندىكى ئائىلىسىگە ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدىكى مۇبارەك سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئائىلىسىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلار، مەن ئائىلەمدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلىدە بولغۇچىمەن». بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىگە ئېھتىرام قىلىشنى ياخشىلىقنىڭ ئۆلچىمى قىلدى. كىمكى ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولۇشنى مەقسەت

قىلىدىكەن ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا خەير-ئېھسان قىلسۇن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «سىنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان ھەر بىر ئېھسانلىرىڭغا، ھەتتا ئاياللىڭنىڭ ئېغىزىغا سىلىپ قويغان بىر لوقما تائامىڭغىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ» بۇخارىي رىۋايەت قىلغان 56-نومۇرلۇق ھەدىس.

سىز ئېرىڭىزنىڭ سىزگە قىلغان مۇئامىلىسىنىڭ تولۇق بولماسلىقىدىكى سەۋەبنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ. بەلكىم سىز ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلمىغان بولىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنىڭ ئائىلىدىكى شەخسى تۇرمۇشىغا ئەستايىدىللىق بىلەن كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىڭىزدىن ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن چىرايلىق ياسىنىپ، ياخشى كۈتمىگەن بولىشىڭىز مۇمكىن. سىز تۇرمۇشقا بولغان كۆز قارىشىڭىزنى يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىڭ، بەلكىم سىز ئويلىمىغان يەردىن مەسىلە خاتىرجەملىك بىلەن ھەل بولىشى مۇمكىن.

كۆپ سەبرى قىلىڭ، بۇنىڭدا كۆپ ياخشىلىق ۋە گۈزەل ئاقىۋەتلەر بولىشىدا شەك يوق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سەبرى قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەبرى قىلغۇچىلار بىللەن بىللىدۇر»سۈرە ئەنپال 46-ئايەت. يەنە بىر ئايەتتە: «كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، سەبرى قىلىدىكەن، ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، چۈنكى ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ»سۈرە يۈسۈپ 90-ئايەت. يەنە بىر ئايەتتە: «سەبرى قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر»سۈرە ھۇد 49-ئايەت.

ئاللاھتىن ئائىلىمىزگە ئىللىقلىق، تەقۋادارلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان گۈزەل تۇرمۇش ئاتا قىلىشىنى سورايمەن.

ئاللاھ تائالادىن بىزنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشىنى سورايمىز.